# بىز پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامغا: قېيىنچىلىق، ئاسانچىلىقتا، ياقتۇرىدىغان ۋە ياقتۇرمايدىغان ئىشلاردا، باشقىلارنى بىزدىن ئۈستۈن كۆرگەندىمۇ

ئۇبادە بىن سامىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «بىز پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامغا: قېيىنچىلىق، ئاسانچىلىقتا، ياقتۇرىدىغان ۋە ياقتۇرمايدىغان ئىشلاردا، باشقىلارنى بىزدىن ئۈستۈن كۆرگەندىمۇ، ئىشنى ئەھلىدىن تالاشماسلىق، ھەرقانداق جايدا بولساق ھەقىقەتنى دېيىشكە، ئاللاھ توغرىسىدا مالامەت قىلغۇچىنىڭ مالامىتىدىن قورۇقماسلىق توغرىسىدا بەيئەت قىلدۇق».
[تېكىست توغرا] [بىرلىككە كەلگەن]

پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ساھابىلاردىن رەھبەرلەرگە، ئىش باشقۇرىۋاتقانلارغا ئاسانچىلىق ۋە قىيىنچىلىقتا، بايلىق، كەمبەغەللىكتە، ئۇلارنىڭ بۇيرىقى كۆڭلىگە ياقسۇن ياكى ياقمىسۇن، ھەتتا رەھبەرلەر باشقا كىشىلەرگە مال-دۇنيا، ئەمەل- مەنسەپ بېرىپ ياكى ئۇنىڭدىن باشقا ئىشلارنى قىلسىمۇ ئۇلارغا بويسۇنۇش توغرىسىدا بەيئەت ئالدى. ھەقىقەتەن ئۇلارغا: ياخشى ئىشلارغا بۇيرىغاندا ئاڭلاش ۋە ئىتائەت قىلىش، ئۇلارغا قارشى ئىسيان قىلماسلىق ۋاجىپ بولىدۇ. چۈنكى ئۇلارغا قارشى چىقىش ئارقىلىق يۈز بېرىدىغان پىتنە-پاسات ئۇلارنىڭ زۇلۇم قىلغانلىقى سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان پاساتچىلىقتىن كاتتا بولىدۇ. ئۇلاردىن ۋەدە ئالغان ئىشلاردىن بىرى: ھەر قانداق جايدا ھەقىقەتنى سۆزلەش، ئاللاھ ئۈچۈن مالامەت قىلغۇچىنىڭ مالامىتىدىن قورۇقماسلىقتىن ئىبارەتتۇر.

https://sunnah.global/hadeeth/ug/show/3061